# مېيىت جىنازىغا قويۇلۇپ كىشىلەر ياكى ئەرلەر ئۇنى مۈرىلىرىگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ ماڭغاندا، ئۇ كىشى ئەگەر ياخشىلاردىن بولسا: مېنى تېز ئېلىپ بېرىڭلار، دەيدۇ. ئەگەر شەقى بەندە بولسا: ھالىمغا ۋاي مېنى قەيەرگە ئېلىپ ماڭدىڭلار، دەيدۇ

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مېيىت جىنازىغا قويۇلۇپ كىشىلەر ياكى ئەرلەر ئۇنى مۈرىلىرىگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ ماڭغاندا، ئۇ كىشى ئەگەر سالىھ بەندە بولسا: مېنى تېز ئېلىپ بېرىڭلار، دەيدۇ. ئەگەر شەقى بەندە بولسا: ھالىمغا ۋاي مېنى قەيەرگە ئېلىپ ماڭدىڭلار، دەيدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئىنساندىن باشقا مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسى ئاڭلايدۇ، ئەگەر ئىنسان ئاڭلىسا ئىدى، قورقۇپ جېنى چىقىپ كېتەتتى»

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

مېيىت جىنازىغا قويۇلۇپ كىشىلەر ئۇنى مۈرىلىرىگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ ماڭغاندا، ئۇ كىشى ئەگەر سالىھ بەندە بولسا: ئۇ جەننەتنىڭ نېمەتلىرىنى كۆرۈشكە ئالدىراپ مېنى تېز ئېلىپ بېرىڭلار، دەيدۇ. ئەگەر شەقى بەندە بولسا: دوزاخ ئازابىنىڭ دەھشىتىدىن قورقۇپ ھالىمغا ۋاي مېنى قەيەرگە ئېلىپ ماڭدىڭلار، دەيدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئىنساندىن باشقا مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسى ئاڭلايدۇ، ئەگەر ئىنسان ئاڭلىسا ئىدى، قورقۇپ جېنى چىقىپ كېتەتتى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3554

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee